شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
11
سەيشەنبە
维吾尔文 6月11日

شىنجاڭ گازەتى
新疆日报

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57   ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com   24723 - سان   بۈگۈن 4 بەت

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى

«يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخسۇس زايوم تارقىتىش ھەم تۈرگە ياندىشتۇرۇلغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەخسۇس زايوم تارقىتىش ھەم تۈرگە ياندىشتۇرۇلغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقاتتى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، قۇرۇلما خاراكتېرلىك پىشاڭ تۈگىتىش ئاساسىي تەپەككۇر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي، كونترول قىلغىلى بولىدىغان، تەرتىپلىك، مۇۋاپىق بولۇش تەلىپى بويىچە، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ قەرز ئېلىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەخسۇس تۈر زايومىنى باشقۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، مەخسۇس تۈر زايومى كۆلىمىنى بىرقەدەر زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش ئاساسىدا، ماكرولۇق سىياسەتنىڭ تەڭكەشلىكى، ماسلىقىنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنىڭ مۇۋاپىق، يېتەرلىك بولۇشىنى ساقلاپ، مەخسۇس تۈر زايومى تارقىتىش ھەم تۈرگە ياندىشتۇرۇلغان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۈرۈشۈشىنىڭ مۇۋاپىق ئارىلىقتا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. راۋانلاشتۇرۇش بىلەن توسۇشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ماسلاشتۇرۇش، ماسلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كونترول قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، زور خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان توقايېۋغا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ توقايېۋغا تېلېگرامما يوللاپ، ئۇنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو - قازاقىستان سەممىي، ئۆزئارا ئىشەنچىلىك دوستانە قوشنىلار ۋە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلار. نۆۋەتتە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى يۇقىرى سەۋىيەدە يۈرۈشۈشنى ساقلىدى، ئىككى تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە ئالدىدا ماڭدى، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. مەن جۇڭگو - قازاقىستان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن. سىز بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جۇڭگو - قازاقىستان مۇناسىۋىتىدە ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايمەن.

شى جىنپىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر **سۈن يى**) دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ خەنخۇي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا قىرغىزىستان، تاجىكىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدىغانلىقى ھەم شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنىغا، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

جاڭ خەنخۇي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە قىرغىزىستان، تاجىكىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 - قېتىملىق يىغىنى ۋە دۈشەنبىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشەنچ تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. خەلقئارا ۋەزىيەتتە تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، جۇڭگونىڭ قىرغىزىستان، تاجىكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سىجىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى. جۇڭگو - قىرغىزىستان، جۇڭگو - تاجىكىستان ئىسمى - جىسمىغا لايىق ياخشى قوشنىلار، ياخشى ھەمراھلار، ياخشى دوستلار، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرماقتا، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا يۈزلەنمەكتە.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

سەپەر تېزلەشتى   مەنزىرە رايونلىرى تۇتاشتۇرۇلدى

مەملىكەت بويىچە تۇنجى رايون دائىرىلىك «ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى ئايلانما لىنىيەسى» ئېچىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **ما جيەنلۇڭ، جاڭ تىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سائەت 14تە، 50 يولۇچى ئولتۇرغان «ئالتاي» ناملىق ساياھەت مەخسۇس ئايروپىلانى ئالتاي ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلۈپ، 30 مىنۇت ئۇچقاندىن كېيىن، قاناس ئايرودرومىغا سىلىق قوندى. ئىككى سائەتتىن كېيىن، مەخسۇس ئايروپىلان يەنە قاناس ئايرودرومىدىن بىر تۈركۈم يولۇچىلارنى ئېلىپ كۆكتوقاي ئايرودرومىغا قاراپ ئۇچتى. «ئالتاي» ناملىق ساياھەت مەخسۇس ئايروپىلانىنىڭ تۇنجى ئۇچۇشى مەملىكەت بويىچە تۇنجى رايون دائىرىلىك «ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى ئايلانما لىنىيەسى»نىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

«ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى ئايلانما لىنىيەسى»نىڭ ئېچىلىشى ئالتاي ئايرودرومى ئەتراپىدىكى بەيشاخۇ، بۇرچىن ناھىيەسىدىكى قاناس، كۆكتوقاي ناھىيەسىدىكى كۆكتوقايدىن ئىبارەت دۆلەت 5A دەرىجىلىك ئۈچ مەنزىرە رايونى ئارىسىدا ئايلىنىپ ئۇچۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. «ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى» قاناس مەنزىرە رايونىدىن كۆكتوقاي مەنزىرە رايونىغا بارىدىغان ۋاقىتنى قۇرۇقلۇقتىكى ئون نەچچە سائەتتىن ھاۋا بوشلۇقىدىكى بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتقا قىسقارتتى، ئالتاي ئايرودرومىدىن قاناس، كۆكتوقاي مەنزىرە رايونىغا بارىدىغان ۋاقىتنى 30 مىنۇتقا قىسقارتىپ، «سەپەر ئۇزۇن، ساياھەت قىسقا» بولۇش قىيىن مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

«ھاۋا بوشلۇقى ساياھەت ئاپتوبۇسى»نىڭ بىلەت باھاسىمۇ دۆلەت پۇقراۋى ئاۋىياتسىيەسىنىڭ ئۆلچەملىك بېكىتىلگەن باھاسى ئاساسىدا ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئاۋىياتسىيە ساياھىتى باھاسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدىكەن، ئايلانما لىنىيەدىكى ھەربىر بېكەتتە

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىككىلىك كودنى سىكانېرلاپ كۆرۈڭ



ئۇلۇڭگۇر كۆلىدە قۇشلار پەرۋازى

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاققوتانلار ئۇلۇڭگۇر كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىدا ئارام ئالماقتا. ياز كىرگەندىن بۇيان، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇڭگۇر كۆلى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىدا ماكانلاشقان كۆپلىگەن پەسىل قۇشلىرى گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈردى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **دىڭ لېي** فوتوسى

كوچا باشقارمىسى تالون يوللىدى   تارماقلار تالون قوبۇل قىلدى

سانجى ئوبلاستىنىڭ ئىجادىي شەھەر باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئەلنى غەمدىن خالاس قىلدى

مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، فۇكاڭ شەھىرى فۇشىن كوچا باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئاھالە شۆ پىڭ يول يۈزىدىكى بىر قۇدۇق قاپقىقىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، يولدا ئادەملەر، ئاپتوموبىللار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، ئۇ دەرھال فۇشىن كوچا باشقارمىسى ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش مەركىزىنىڭ مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى «3365800»گە تېلېفون قىلدى.

فۇشىن كوچا باشقارمىسى ئۇنىۋېرسال قانۇن ئىجرا قىلىش مەركىزى تېلېفوننى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تېزلىكتە مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىكى خادىملارنى ماسلاشتۇرۇپ شۇ ھامان نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ، يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا يېڭى قۇدۇق قاپقىقىنى ئورناتتى.

بۇ يىلدىن بۇيان، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى كوچا باشقارمىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، پۈتۈن ئوبلاستتا «كوچا باشقارمىسى تالون يوللاش، تارماقلار تالون قوبۇل قىلىش» خىزمەت مېخانىزمىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلامدا «بىر تارماق» قوبۇل قىلىش، «بىر ئورۇن» ئورۇنلاشتۇرۇش، «بىر ئەترەت» قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، كوچا باشقارمىسىنىڭ «كۆرسىمۇ باشقۇرالماسلىقى»، تارماقلارنىڭ «باشقۇرالىسىمۇ كۆرەلمەسلىكى»تەك تەرتىپكە سېلىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلدى.

«ھازىر بىزگە بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى قاتارلىقلاردىن بەش قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم ئورۇنلاشتى، ئۇلار ئاھالىلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىللە، كوچا باشقارمىسىدا قەرەللىك چارلاپ، زىيارەت قىلىپ، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.»

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ پورتى تۇنجى قېتىم ياۋروپادىن توڭلىتىلغان كالا گۆشى ئىمپورت قىلدى

مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئۇققۇشىچە، 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بېلارۇسىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان 8.545 توننا توڭلىتىلغان كالا گۆشىنىڭ ئالاتاۋ پورتىدا بارلىق تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتى تاماملانغان بولۇپ، دۆلەت ئىچى بازارلىرىدا سېتىلىشقا تۇشۇلىدىكەن. بۇ، شىنجاڭ پورتىنىڭ تۇنجى قېتىم ياۋروپادىن توڭلىتىلغان كالا گۆشى ئىمپورت قىلىشى ھېسابلىنىدىكەن.

ئىگىلىنىشچە، توڭلىتىلغان بۇ كالا گۆشلىرى ئاساسلىقى كالا بولجۇڭ گۆشى، كالا پەش گۆشى ۋە يۇمران تۆش گۆشى بولۇپ، پۈتۈنلەي تەكشۈرۈش، پەرىيوم - كارانتىن قىلىشتىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولغان.

ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈرىدىكىلەر ئالاھىدە تىپتىكى تاۋارغا تەۋە بولۇپ، قاتتىق پەرىيوم - كارانتىن قىلىشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن دۆلەت ئىچى بازارلىرىغا كىرگۈزۈلىدۇ. شۇڭا، گۆش تۈرىدىكىلەرنى ئىمپورت قىلىشتا، دۆلەت تەستىقلىغان چېگرادىن كىرگۈزۈلىدىغان گۆش تۈرلىرى بەلگىلەنگەن پورتتا ئىمپورت قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە شۇ جاينىڭ ئىمپورت قىلىنغان گۆش تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش، ساقلاش ھەم ئۆلچەش بىر گەۋدىلەشكەن تەكشۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى ھازىرلىشىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ يىل 5 - ئايدا، تاموژنا باش مەھكىمىسى ئېلان قىلغان «گۆش تۈرلىرىنى ئىمپورت قىلىدىغان بەلگىلەنگەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەيدانلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»قا ئاساسەن،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

天山网 APP
新疆日报网
微信公众号
新疆头条 APP

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

قاغىلىق: «ئالتۇن مېۋە» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى ئاچتى

☐ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي**

يازدا، قاغىلىق ناھىيەسىدىكى ياڭاق دەرەخلىرى يايپېشىل بۈك - باراقسان ئۆسكەنىدى، دەرەخ شاخلىرىدىكى سانجاق - سانجاق مېۋىلەر قۇياش نۇرىغا قېنىپ، كۈنسېرى چوڭايماقتا ئىدى.

قاغىلىقلىقلار شۇ جاينىڭ خاس باغ - ئورمان بايلىقىنى «ئالتۇن مېۋە، قاشتېشى ياپراق» دەپ تەرىپلىشىدۇ، ئەڭ روشەن بولغىنى ياڭاق بولۇپ، كۆلىمى 580 مىڭ مو، پۈتۈن ناھىيەدىكى باغ - ئورمان كۆلىمىنىڭ 70%ىگە يېقىنلىشىدۇ. قاغىلىق ناھىيەسى مەۋقەنى ئۆز ئەۋزەللىكىگە قويۇپ ياڭاقچىلىق كەسپىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ياڭاقنى «ئالتۇن مېۋە»گە ئايلاندۇردى، نامرات ئاممىنى كەسپ تەرەققىياتىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى، ياڭاق «كىرىمنى ئاشۇرىدىغان مېۋە» بولۇپ قالدى.

■ ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشلەپ، پۇل تېپىش بىلەن ئالدىراش بولۇش

5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سەھەردە، شاخاپ يېزىسى چۋا كەنتىنىڭ ئاھالىسى تۇنساگۈل باي ئۆيى ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئادىتى بويىچە كەنتتىكى يۈكسەل دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كەلدى. ھويلىغا ئىككى قاتار ياڭاق چېقىش ماشىنىسى قويۇلغانىدى، ئۇ بىر ياڭاق چېقىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر كۈنلۈك خىزمىتىنى باشلىدى.

بۇ كۈنى، ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا 20 نەچچە ئايال بىرلا ۋاقىتتا خىزمەت قىلدى، ئۇلار ئۇستىلىق بىلەن بىر قولىدا ياڭاقنى ماشىنىغا سېلىپ، بىر قولىدا تۇتقۇچنى چۆرگىلىتىپ ياڭاق چاقتى، سېۋەت توشقاندىن كېيىن، سېۋەتنى ئارقىدىكى سۇپىغا ئېلىپ بېرىپ، ياڭاق مېغىزىنى ئىلغاپ چىقتى. تۇنساگۈلنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كۈندە ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندىن سىرت، كۆپىنچە ۋاقىتتا ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەيدىكەن، ھەر كۈنى 25 كىلوگرامدىن 35 كىلوگرامغىچە ياڭاق مېغىزىنى ئىلغاپ، كۈندە 70 يۈەن ئەتراپىدا پۇل تاپالايدىكەن.

تۇنساگۈلنىڭ ئائىلىسى نامرات ئائىلە. يۈكسەل دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ جايدىكى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ قوللىشىدا، ياڭاقنىڭ پوستىنى سويۇش، يۇيۇش، قۇرۇتۇش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)